## 103881 ـ ھاراق ئارىلاشتۇرۇپ گۆش پۇشۇرۇشنىڭ ھۆكمى

### سۇئال

سوئال: بەزى تىز تاماقخانا ۋە رېستۇرانتلاردا گۆشنى ئالاھىدە تەملىك ۋە يېيىشلىك قىلىش ئۈچۈن، گۆشكە ئىسپىرتلىك ئىچىملىك، ھاراقا ئوخشاش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ پۇشۇرىدۇ، بۇنداق قىلىشى توغرىمۇ؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالالاھقا خاستۇر.

ھاراقنىڭ ھاراملىقى مۇسۇلمانىنىڭ بىلىشى مۇھىم بولغان مەسىلىلەردىن ھەم ئاقىۋىتى خەتەرلىك چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ھاراقنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە قۇرئاندا كۆپ ئايەتلەر بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار(يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. ھاراقنى ھەرقانداق شەكىل بىلەن ئىستىمال قىلىش ھارام قىلىنغان بولۇپ، يېمەك-ئىچمەككە ئارىلاشتۇرۇپ گۆش ۋە سەي قورۇش چەكلىنىدۇ(يەنى ھارام بولىدۇ).

پىقھى توپلاملىرىنىڭ 2595– بەتلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: "گۆشنى ھاراق بىلەن پىشۇرۇپ، شورپىغا ھاراق قۇيۇپ ئىچكەن كىشىگە شەرىئەتتە ھەد(يەنى شەرىئەت جىنايى ئىشلار قانۇنىدا جازا بېرىلىدۇ) ئۇرۇلىدۇ. ئەگەر ھاراقتا خېمىر قىلىپ نان ياكى باشقا تاماق قىلىپ ئىستىمال قىلىشمۇ ھاراق ئىچكەنگە ئوخشاش ھېسابلىنىدۇ، بۇ ھەقتە شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبلىرىدە ئوچۇق ئىسپاتلار بار.

ھەنەفىي مەزھەپ پىقھى كىتابلىرىدىن بولغان، سەرخەسىنىڭ مەبسۇت دېگەن كىتابىنىڭ 24 25–بەتلىرىدە: "ھاراق بىلەن يۇغۇرۇلغان خېمىردا پىشۇرۇلغان ناننى يېيىش چەكلىنىدۇ(ھارام بولىدۇ). چۈنكى ئۇنىغا ھاراق ئارلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن پاسكىنا بولدى، پاسكىنا خېمىردا پىشۇرۇلغان ناننى ئىستىمال قىلىشقا بولمايدۇ دېيىلگەن".

يەنە 23/24– بەتلىرىدە: "گۆشنى ھاراقتا پىشۇرۇش شورپا قىلىش ۋە بۇنى يېيىش-ئىچىش توغرا ئەمەس، بۇ ھاراقنى تېتىتقۇ ئورنىدا ئىشلەتكەنگە ئوخشاش بولۇپ، بۇنداق قىلىشنىڭ توغرا ئەمەس ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق" دېيىلگەن.

بۇ كىتابتا سۆزلەنگەن مەسىلە، يۇقىرىقى سورالغان سوئالغا بەك مۇناسىپ كېلىدۇ، بۇ ھاراقنى تېتىتقۇ ئورنىدا ئىشلەتكەنلىكتىن ئىبارەت، گۆشنى ھاراققا چىلاپ ياكى ھاراق بىلەن تازىلاپ ئىشلىتىش توغرا ئەمەس، شۇنداقلا ھاراق بىلەن سەي قورۇشمۇ توغرا ئەمەس. مۇسۇلمانىنىڭ ھاراقتىن ۋە ئىستىمال قىلىنىدىغان ئورۇنلاردىن يىراق تۇرۇشى ئالاھىدە بۇيرۇلغان بولۇپ، تاماق تەييارلاشتا ھاراق ئارىلاشتۇرىدىغان تاماقخانا ۋە رېستۇرانتلارغا كىرمەسلىك ۋە باشقىلارنىڭ كىرىشىنىمۇ توسۇشى كېرەك، مۇمكىن بولسا ئاشخانا ۋە رېستۇرانت خوجايىنلىرىغا ۋاستىلىق ۋە ۋاستىسىز يوللار بىلەن نەسىھەت قىلىپ بۇ قىلمىشىدىن

چەكلەش، باشقا بىلمىگەن كىشىلەرنىمۇ بۇنىڭغا ئوخشىغان رېستۇرانت ۋە تاماقخانىلارغا كىرىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك.